# 106496 - دوختۇرلار روزا تۇتۇشنى چەكلىگەن، ئەمما بەش يىلدىن كېيىن كېسەلدىن ساقايغان، قانداق قىلىشى كېرەك؟

## سوئال

بىر كىشى پالەچ بولۇپ قالغان بولۇپ، دوختۇرلار ئۇ كىشىگە: بۇنىڭدىن كېيىن ئەبەدىي روزا تۇتماسلىقنى تەۋسىيە قىلغان، لېكىن ئۇ كىشى باشقا رايونلاردىكى دوختۇرلارغا كۆرۈنۈپ ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن بەش يىلدىن كېيىن كېسەلدىن شىپا تاپقان، بەش يىل رامىزان روزا تۇتماي ئۆتۈپ كەتكەن، ئاللاھ تائالا شىپالىق بەرگەندىن كېيىن تۇتالمىغان روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلامدۇ ياكى قىلمامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

كېسەلنىڭ تۈرىنى بىلىدىغان ئىشەنچلىك مۇسۇلمان دوختۇرلار تەۋسىيە قىلغان بولسا، ئۇلار كېسەلنىڭ شىپا تاپمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسا، ئۇ كىشىگە ئۆتكەن بەش يىللىق روزىنىڭ قازاسىنى قىلىش كېرەك بولمايدۇ، يېمەك بەرسە كۇپايە قىلىدۇ. يېڭىدىن كېلىدىغان رامىزاندا روزا تۇتسا بولىدۇ".

پەزىلەتلىك شەيخ ئابدۇلئەزىز ئىبنى باز رەھىمەھۇللاھنىڭ تۈرلۈك ماقالىلار ۋە پەتىۋالار مەجمۇئەسى" 15-توم 354-355-بەت.